# سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار، بويسۇنۇڭلار، سىلەرمۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىڭلاردىن سورىلىسىلەر، ئۇلارمۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىدىن سورىلىدۇ

ئەبۇ ھۇنەيدە ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە: سەلەمە ئىبنى يەزىد ئەلجۇئفى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەگەردە بىزنىڭ ھاكىم، پادىشاھلىرىمىز ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى بىزدىن ئېلىپ، بىزگە بېرىدىغان ھەققىنى بەرمىسە، بىزنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيلا؟ دېگەندە. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىۋالدى، ئۇ يەنە سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار، بويسۇنۇڭلار، سىلەرمۇ ئۆز مەجبۇرىتىڭلاردىن سورىلىسىلەر، ئۇلارمۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىدىن سورىلىدۇ، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

سەلەمە ئىبنى يەزىد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇيسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدىغان، پۇقرالارنىڭ ھەققىنى بەرمەيدىغان، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، شەخسىيەتچى پادىشاھ، ھاكىملار ھەققىدە سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇددى بۇ سوئالنى ياقتۇرمىغاندەك، بۇ ھەقتە سۆز قىلىشنى خالىمىغاندەك ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىۋالدى. ئۇ كىشى سوئالنى قايتا سورىغاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ھاكىم پادىشاھلارنىڭ ھەققىنى بېرىشكە، ئۇلارغا قارىتا مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5037

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee